سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش

قارشى ئېلىش لوزۇنكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاشلىق سوۋغا قىلىش، ماددىي ئەشيا سوۋغا قىلىش، پۇل سوۋغا قىلىش

—— گۇاڭدۇڭ لېيەنجوۋدىكى ئامما بىلەن ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيەسى ئارىسىدىكى بىر بۆلەك كەچۈرمىش

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى مېي چاۋبىي، لى سۈك، ليۇ فېي

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى لېيەنجوۋ شەھىرى دۇڭبېي بازىرىنىڭ دافېي كوچىسىدىكى 16 ـ نومۇرلۇق قورۇ —— فېڭ دافېينىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى بولۇپ، بۇ يەرگە ئېكسكۇرسىيەگە كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

بۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان، 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قورۇ بولۇپ، قەدىمىي تۈس، قەدىمىي پۇراققا ئىگە چوڭ زالنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا «شەرەپلىك ئائىلە» دېگەن خەت يېزىلغان چوڭ ياغاچ تاختا ئېسىلغان، فېڭ دافېينىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى مۇشۇ يەردە ئۆتكەن. ئۇ 1924 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن، 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنى تولۇق باسقان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا، جياڭ جېيشى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنى پەيدا قىلغاندا، فېڭ دافېي بەختكە قارشى ئەسىرگە چۈشۈپ، كېيىن ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 41 ياشتا ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى لېيەنجوۋ شەھەرلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى خۇاڭ جاۋشىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، فېڭ دافېي ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1931 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆيىگە قايتقان. شۇ چاغدا ئۇ تۇرۇشلۇق قىزىل 7 ـ جۈن گۇاڭشىدىن خۇنەن ـ جياڭشى چېگراسىغا يېقىنلىشىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەركىزىي سوۋېت رايونى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. لېكىن يول بويى دۈشمەننىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، بىر تەرەپتىن جەڭ قىلغاچ، بىر تەرەپتىن گۇاڭدۇڭنىڭ شىمالىدىكى لېيەنجوۋ (شۇ ۋاقىتتا لېيەنشيەن دەپ ئاتىلاتتى)غا چېكىنىپ تەمىناتنى تولۇقلىغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قىزىل 7 ـ جۈن گۇاڭدۇڭغا كىرگەندە دۈشمەننىڭ ئۈنۈملۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان، لېكىن ئۇلار تېخىمۇ قول تۇتىدىغان بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن، دۈشمەن شۇ جايدا ھە دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، قىزىل ئارمىيە «ئادەم ئۆلتۈردى، ئوت قويدى، مال ـ مۈلۈكنى ئومۇمەنىڭ قىلدى، خوتۇننى ئومۇمەنىڭ قىلدى، تۇتۇۋالغان ئادەملەرنىڭ يۈزىنى داغلاپ ئەن سالدى» دەپ بوھتان چاپلىغان، پۇقرالار بۇنى راست دەپ ئىشىنىپ قېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن «قېچىپ كەتكەن».

1931 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قىزىل 7 ـ جۈن دۇڭبېي بازىرىغا كىرگەن. شۇ كۈنى، بازاردىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قېچىپ كەتكەن، ھەتتا فېڭ دافېينىڭ خوتۇنى چېن شۈشۈنىڭمۇ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغان. بەختكە يارىشا، فېڭ دافېي ئۆيىدە قېپقالغان ياخشى دوستى تەن رۇشېڭنى تاپقان. يۇرتداشلار فېڭ دافېينىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، شۇ كۈنىلا ھەممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلگەن، يەنە قىسمىغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بەرگەن.

«قىزىل ئارمىيە زادى ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئوت قويىدىغان باندىتلارمۇ؟ پۇقرالار پەقەت بىر قېتىم ئۇچراشسىلا ھەممىنى بىلەلەيدۇ.» خۇاڭ جاۋشىڭ مۇنداق دېدى: قىزىل ئارمىيە 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىڭزى بازىرىنىڭ شىنتاڭ كوچا ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە، دائىم لۈكچەك، ئادەتلەنگەن جىنايەتچىلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن ئون نەچچە سودىگەر پوجاڭزا ئاتقان، يەنە «قىزىل ئارمىيەنى قارشى ئالىمىز» دېگەن خەت يېزىلغان لوزۇنكىنى ئېسىپ قىزىل ئارمىيەنى كۈتۈۋالغان.

قىزىل ئارمىيەنىڭ كېيىنكى ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ تۈگەتكەن: خەلقنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى گۈەندى بۇتخانىسى ۋە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىرقانچە ئېغىز ئۆيىگە ئورۇنلاشقان؛ «يۈڭشېڭ» ناملىق بىر جۇۋازخانىنىڭ ئادەملىرى كېتىپ قېلىپ بوش قالغان، قىزىل ئارمىيە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ قوغدىغان... يەرلىك پۇقرالار ئارقا ـ ئارقىدىن قىزىل ئارمىيەنى «ئىنسانپەرۋەر قوشۇن» دەپ تەرىپلىگەن، شىڭزى بازىرىدىكى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى مەخسۇس 1000دىن ئارتۇق كۈمۈش تەڭگە ۋە ئون نەچچە چوشقىنى ئاپىرىپ بېرىپ ھال سورىغان.

لېيەنجوۋ ئىچكى شەھىرىنىڭ ھەرقايسى شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ئىچىگە بېكىنىۋالغان دۈشمەنلەر قىزىل ئارمىيەنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغان. قىزىل ئارمىيە تاشقى شەھەرگە ماددىي ئەشيا غەملىگىلى كەلگەندە سودىگەرلەرنىڭ ئۇلارغا ئىشەنگەنلىكىنى ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر توختىماي ئوق ئېتىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا باشلىغان. خۇاڭ جاۋشىڭ مۇنداق دېدى: قىزىل ئارمىيە ماددىي ئەشيا غەملەش مەقسىتىدە لېيەنجوۋغا كەلگەن، شۇڭا ئىچكى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ ھۇجۇم قىلمىغان، لېكىن دۈشمەنلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى قىزىل ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالغانلىقتىن، ئۇلارنى جەزمەن ئەدەپلەپ قويۇش كېرەك ئىدى.

خاتىرىلىنىشىچە، 1931 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، قىزىل ئارمىيە لېيەنجوۋ ئىچكى شەھىرىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىغان. شۇ كۈنى كەچتە، جەڭ شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە، دۈشمەن كىرسىن چېچىلغان يوتقان پاختىلىرىنى شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ياغاچ كەپىلىرىگە ئېتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شامالنىڭ تەسىرىدە ئوت تېز يامراپ، نۇرغۇن دۇكان ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغان.

«ئوت كەتكەندە، قىزىل ئارمىيە بىلەن ئاقلار ئارمىيەسىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى كۆرۈۋالدۇق.» خۇاڭ جاۋشىڭ مۇنداق دېدى: قىزىل ئارمىيەنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قوماندانلىق ئىشتابى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزگەرتىپ، قىسمىغا ئوت ئۆچۈرۈش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن، ئاقلار ئارمىيەسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوت ئۆچۈرۈۋاتقان ئارمىيە ـ خەلققە ئوق چىقارغان، بەختكە يارىشا قىزىل ئارمىيە مىناميوت، ئېغىر پىلىموت بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، دۈشمەنلەرنى ئوق چىقىرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلغان، بۇنداق بولمىغاندا قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ئوت ئاندىن ئۆچۈرۈۋېلىنغان. قىزىل ئارمىيە قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئېغىر يارىدارلارنى يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا ئاپارغان، سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن، تاي ـ تاي رەختلەرنى، ئەپكەش ـ ئەپكەش تۇزلۇك مال ھەم 1000 كومزەكتىن ئارتۇق كىرسىننى چوڭ بىر بوش يەرگە تىزىپ قويغان.

ئاقلار ئارمىيەسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئوت قويغان، قىزىل ئارمىيە ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ خەلقنى قۇتقۇزغان. بۇ ئىش ئارقىلىق قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىناۋىتى زور دەرىجىدە ئۆسكەن، لېيەنجوۋ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئۆزلۈكىدىن 40 مىڭ كۈمۈش تەڭگە يىغىپ قىزىل ئارمىيەنىڭ ھەربىي خىراجىتى قىلىشى ئۈچۈن سوۋغا قىلغان، شۇ جايدىكى ئاممىا يەنە نۇرغۇن گۈرۈچ، ئۆي چوشقىسى، رەخت، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى سوۋغا قىلغان.

«تەمىناتقا ئېرىشىشكە سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ مۇھىمى ئەلرايى ئۇتتۇۋېلىندى، بۇ، ئۇزۇن سەپەر مەزگىلىدە قىزىل ئارمىيەدىكى بىر قىسىم كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ لېيەنجوۋنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇاڭدۇڭنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا پارتىزانلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى» دېدى خۇاڭ جاۋشىڭ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

«1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» ساۋ چىڭگۇڭ: ئېگىزلىكتىكى ئەڭ ئاخىرقى جەڭچى

ساۋ چىڭگۇڭنىڭ سۈرىتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ليۇ يۈچى) يۈننەن ئۆلكىسى چۇشيۇڭ يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مودىڭ ناھىيەسى گۇڭخې بازىرىنىڭ ساۋخې كەنتىدە، «1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» ساۋ چىڭگۇڭنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىزلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد مەدھىيەلىنىپ كەلمەكتە. بىر يۇرتلۇق سەپداشلارنىڭ چېچى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يېزىلغان ئاشۇ قەھرىمانلىق قەسىدىسىنى ئەۋلادلارغا تارقىتىپ ئۆگىتىپ كەلمەكتە.

ساۋ چىڭگۇڭ 1925 ـ يىلى يۈننەن ئۆلكىسى مودىڭ ناھىيەسى جۇنتۇن يېزىسى (ھازىرقى گۇڭخې بازىرى)نىڭ ساۋخې كەنتىدە بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئائىلىسىدە چوڭ ئوغۇل ئىدى. 17 ياش ۋاقتىدا، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. 1948 ـ يىلى، جىنجوۋ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، 4 ـ دالا ئارمىيەسى 29 ـ شىسى 356 ـ تۇەنى 1 ـ يىڭى 1 ـ لييەندە بەنجاڭ بولغان. ئازادلىق ئارمىيەگە قاتناشقاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ تەربىيەلىشى بىلەن، ساۋ چىڭگۇڭ تېزدىن يۈكسەك سىياسىي ئاڭغا ئىگە مۇنەۋۋەر جەڭچى بولۇپ يېتىلگەن. 1950 ـ يىلى، خەينەن ئارىلىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەن.

1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ساۋ چىڭگۇڭ تۇرۇشلۇق خەلق پىدائىي قوشۇنى لېيەندۈيى خۇڭچۈەنجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ۋاڭيۆشەن تېغىنىڭ شىمالىدا ھەرىكەتچان مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. ئۇ بىر ئۇرۇش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، دەريا قىرغىقىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە يېقىن 286 ـ ئېگىزلىكنى چىڭ ساقلىغان. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، دۈشمەنلەر شراپنېل ئاتىدىغان تۆت زەمبىرەك ۋە 20دىن ئارتۇق مىناميوت بىلەن ئېگىزلىكنى غالجىرلارچە توپقا تۇتقان. دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى قۇربان بولۇپ، ئېگىزلىكتە پەقەت ساۋ چىڭگۇڭ بىر ئادەملا قالغان. يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەنلەر ئالدىدا، ئوڭ بىلىكى پارتلاشتا ئۈزۈلۈپ، بەدىنى ئېغىر يارىلانغان ساۋ چىڭگۇڭ ئەڭ ئاخىرقى گىراناتنىڭ يىپىنى تارتىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، دۈشمەنلەرنى ھالاك قىلغان، ئەينى چاغدا ئۇ ئەمدىلا 26 ياشتا ئىدى. جۈن ئىشتابى ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ناخشا قىلىپ يېزىپ، پۈتۈن جۈن بويىچە تارقىتىپ ئېيتىشقا تەشكىللەپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى دۈشمەنلەرنى قەھرىمانلارچە يوقىتىپ، ئائىلىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداشقا ئىلھاملاندۇرغان.

قەھرىمان قۇربان بولسىمۇ روھى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئىنقىلابىي قۇربان ساۋ چىڭگۇڭنىڭ جىيەن نەۋرىسى ساۋ مىڭشىن دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم چوڭ دادىسىنىڭ ھەربىي تۆھپە مېدالىنى كۆرسەتكەن چاغدىكى ئەھۋالنى قايتا ئەسلەپ، يەنىلا ھاياجىنىنى باسالمىدى: «قات ـ قات ئورالغان قىزىل يىپەك رەختنى ئېچىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مېدال، تەقدىرنامىنى سىلىغىنىمدا، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن شەرەپ ھېس قىلدىم.» ساۋ مىڭشىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ روھى چوقۇم ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۈزۈلمەيدۇ، «قەھرىمانلارنى خاتىرىلەش ۋە ياد ئېتىش ئەجدادلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر، شۇنداقلا بۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتىكى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ».

ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل ئىچىدە ئادەتتىكى سودا ـ سانائەت ساھەسىدە توك باھاسىنى يەنە بىر قېتىم تۆۋەنلەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار بەلگىلەندى: سۇ ئېلېكتر قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باج نىسبىتى 13%كە تۆۋەنلىتىلگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 50 مىڭ كىلوۋاتلىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سۇ ئېلېكترىنىڭ تورىدىكى توك باھاسى مۇناسىپ تەڭشىلىدۇ. سۇ ئېلېكترىنىڭ تورىدىكى ھەر كىلوۋات سائەت نىشان توك باھاسى (باجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 0.227 يۈەنگە تەڭشىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست (ئۇنىڭدىن باشقا ئۇچتۇرپان ناھىيەسى، كەلپىن ناھىيەسى، ئاۋات ناھىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)تا ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.251 يۈەنگە تەڭشىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئىلگىرى تەستىقلىغان 50 مىڭ كىلوۋاتلىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى «بىر ئېلېكتر ئىستانسىسىدا بىر باھا» بولغان سۇ ئېلېكترىنىڭ تورىدىكى باھاسى مۇناسىپ تەڭشىلىدۇ.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دۆلەت ئېلېكتر تورى شىركىتى قاراماي توك بىلەن تەمىنلەش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئىلى دەرياسى ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاپتونوم رايوننىڭ باھانى تۆۋەنلىتىش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇ قېتىمقى ئادەتتىكى سودا ـ سانائەت ساھەسىدە توك باھاسىنى تۆۋەنلىتىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بىڭتۇەن ئېلېكتر تورىنىڭ ئادەتتىكى سودا ـ سانائەت ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى تۆۋەنلىتىش ئىشلىرىنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئايرىم تەتقىق قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلاردىكى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتلىرى، ئېلېكتر تورى كارخانىلىرى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كۈچلۈك قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، يېڭى توك باھاسى سىياسىتىنىڭ مۇقىم يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار سودا ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى، مۈلۈك باشقۇرۇش ئورنى، خىزمەت بىناسى قاتارلىق توكنى ۋاسىتىلىك تەمىنلەش سۇبيېكتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىل كىرگەندىن بۇيانقى ئىككى قېتىملىق باھانى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنىڭ پايدىسىنى تېرمىنال خېرىدارلارغا تەڭ سوممىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك، ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن تۇتۇپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

شىنجاڭ 200 مىليون يۈەنلىك توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كرېدىت خەۋپ ـ خەتىرى تولۇقلىما فوندى تەسىس قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كرېدىت خەۋپ ـ خەتىرى تولۇقلىما فوندىنىڭ يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «چارە» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتقان. «چارە»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلغان: ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان 200 مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى توقۇش، كىيىم ـ كېچەك، ئىلمە توقۇلما، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، كەسپتە ئىشلىتىلىدىغان توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، گىلەم كەشتە، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، كەندىر توقۇمىچىلىقى قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەل قىلىدىغان ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ چىقىرىدىغان توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلىرى بولىدۇ.

«چارە»دە مۇنداق بەلگىلەندى: فوند قەرز پۇلدا «جەنۇبىي شىنجاڭنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ، ھەر يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كارخانىلارغا تارقىتىلىدىغان قەرز پۇل نىسبىتى ئومۇمىي قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 60%ىدىن تۆۋەن بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، «چارە» بويىچە مۇناسىۋەتلىك بانكىلارغا قارىتا ھەرىكەتچان باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. فوند ھەمكارلىق بانكىلىرى تارقاتقان قەرز پۇل يىللىق ئەڭ تۆۋەن قەرز پۇل تەلىپىگە يەتمىسە، ئاپتونوم رايون ھەمكارلىق بانكىلىرىنىڭ فوند كۆلىمىنى تۆۋەنلىتىش ياكى ھەمكارلىشىشنى توختىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ.

مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، قەرەلىدە نامراتلىقتىن يۇقىرى سۈپەتتە قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ۋە مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، بوشىشىپ كەتمەي، بوشاڭلىق قىلماي، قەرەلىدە نامراتلىقتىن يۇقىرى سۈپەتتە قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سانائەت ـ پىششىقلاش باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ بىڭشۈ مېۋىچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە، لى پېڭشىن ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەم باغچە رايوندىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، قومۇلنىڭ شىمالىدىكى ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسىنىڭ بىرىك پىلانى، ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇش ئەھۋالى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ كۆلياقا يېزىسى قارا چەڭزى كەنتىدە، لى پېڭشىن ساياھەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى ھەم ساياھەتكە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان تىجارەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانا —— باركۆل جىيەنكۈن چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى ۋە نامرات ئاممىنى يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى، بىرىنچى سەپتىكى خادىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. نامرات ئاممىنىڭ ئۆيىدە، لى پېڭشىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىياسىتىنىڭ كەنتلەرگىچە، ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈلۈش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى، نامرات ئاممىنىڭ تەلەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى، ئۇلارنى ئىشەنچنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كۈرەش داۋامىدا تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى، ئومۇمىي ھۇجۇم نىشانىنى چىڭ ئىگىلەپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسەتنى دەل جايىدا يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نىشان ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش ھەم مەقسەتلىك تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، شۇنداقلا سۈنئىي ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، «ھاڭ ئېففېكتى» كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىشى، يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ھەربىر ئائىلىدە كىرىمنى ئاشۇرىدىغان تۈر بولۇش، ھەربىر كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن ئۇزاققىچە مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «باشقىلاردا يوقى بىزدە بار، باشقىلاردا بارىنىڭ بىزدە ئەلاسى بار، باشقىلاردا ئەلاسى بولسا بىزدە ئالاھىدىسى بار» بولۇش يولىدا مېڭىش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈپ، مەنپەئەت زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نامرات ئاممىنى كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى قوشۇلما قىممەتنىڭ پايدىسىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىلەندۈرۈش كېرەك. مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنى ياخشى ئىشلىتىپ، مەۋقەنى ئەۋزەل ساياھەت بايلىقى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە تايىنىپ، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئاممىنى گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە ياخشى پايدىغا ئېرىشتۈرۈش كېرەك. يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىيات داۋامىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، يېشىل يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا گۈللىنىشتىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش يولىنى ئېچىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقانچە نامرات بولساقمۇ، مائارىپنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ، بالىلارنى جاپادا قويساق بولمايدۇ، جەزمەن مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، مائارىپ سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسۇش، ئۈزۈش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە جەڭنى ھەرگىز توختاتماسلىق كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)